# " ئالتاي نەشرىياتى " ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا ئەسلىمە

خېۋىر تۆمۈر

ئېلكتاب ياسىغۇچى : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>>دىن  ئۇيغۇر ئوغلى
ئېلكتاب تارقاتقۇچى : ئۇيغۇر ئېلكتاب تورى
www.uyebook.com ياكى www.uyebook.cn
ماتېرىيال مەنبەسى : ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتى
http://www.orkhun.com
تورغا يوللىغۇچى : ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتىدىن niyazdixan  ئەپەندى

# " ئالتاي نەشرىياتى " ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا ئەسلىمە

خېۋىر تۆمۈر

1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجوڭ ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەسئۇت سەبرى ، مەمتىمىن ھەزرەت ، ئەيسا بەگ قاتارلىق ئۈچ كىشى چوڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى ، شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنى شىمالىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى ھەربىي مەكتەپ بىناسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ كۈتۈۋالدى .

بۇ ئۈچ ئەپەندىمنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى تۆۋەندىكىچە :

مەسئۇت سەبرى ، شىنجاڭ غۇلجىلىق ، ئۇيغۇر ، تەخمىنەن 1933 - 1934 - يىللىرى تۈركىيىگە چىقىپ كەتكەن . 1937 - يىلى تۈركىيىدىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن .

مەمتىمىن ھەزرەت ، شىنجاڭ خوتەنلىك ، ئۇيغۇر . 1933 - يىلى ئىنىسى شامەنسۇر بىلەن بىرلىكتە خوتەندە غەليان كۆتۈرۈپ " خوتەن ھۆكۈمىتىنى" قۇرغان . 1934 - ئەتىيازدا يېڭىسارىدىكى ئۇرۇشتا شامەنسۇر ئۆلگەن . مەمتىمىن ھەزرەت ئافغانىستانغا قېچىپ كەتكەن .

ئەيسا بەگ ، قەشقەر يېڭىسارلىق ، ئۇيغۇر . ئۇ كىچىكىدە خەنزۇچە ئوقۇغان . يېڭىسارنىڭ ئامبىلى

چىندىلى جۇڭگونىڭ ئەنجان ۋە تاشكەنتتە تۇرىدىغان كونسۇلى بولۇپ تەيىنلەنگەندە ، ئەيسابەگ كونسۇلخانىدا تەرجىمانلىق قىلغان . 1931 ـ يىلى چىندىلى شىنجاڭغا قايتقاندا ئەيسا بەگ ئائىلىسىنى شىنجاڭغا قايتۇرۇۋېتىپ ئۆزى نەنجىڭگە كەتكەن .

1933 ـ يىلى ئەيسا بەگ ، لوۋېنگەن بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە كەلگەن . شىڭشىسەي ئۇنى شىنجاڭدا قېلىپ بىرلىكتە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغان ئەمما ئۇ ، ئۇنىڭغا كۆنمەستىن نەنجىڭگە كەتكەن .

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ، 1937 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 19 ئىسلام دۆلىتىگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەندە ، ئەيسا بەگ بۇ ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ بارىدۇ . بۇ ئۆمەك تۈركىيىگە بارغاندا مەسئۇت ئەپەندىنى ، ئافغانىستانغا بارغاندا مەمتىمىن ھەزرەتنى ئۇچراشتۇرىدۇ ھەم ئۇلارنى ۋەتەنگە قايتىشقا تەكلىپ قىلىدۇ . ئۇ ئىككىسمۇ بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرىدۇ . جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇلارنى نەنجىڭگە ئېلىپ كېلىپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ . مەسئۇت ئەپەندىنى تەپتىش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ، مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن ئەيسا بەگنى قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى قىلىپ تەيىنلەيدۇ .

1945 يىلىنىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخستى ،جاڭ جىجوڭ ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ ئۈچ ئەپەندى ئۈرۈمچىگە كەلدى . مەسئۇت ئەپەندى شىنجاڭ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى . قالغان ئىككىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى بولۇپ ئورۇنلاشتى .

ئەيسا بەگ بىلەن ئىمىن ھەزرەت ئىككىسى ئائىلىسى بىلەن ياڭخاڭ تەرەپتە ئولتۇراتتى . ئەيسا بەگ بىر ئېغىز مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە تۈركىيىدە بېسىلغان نۇرغۇن كىتاب ـ ژورناللارنى تىزغاندى . ئىمىن ھەزرەتنىڭ ئۆيىدىمۇ كىتاب ـ ژۇرناللار بار ئىدى. شۇ يىللاردا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت زىيالى ياشلىرىنىڭ كۆرىدىغان " شىنجاڭ گېزىتى " بىلەن " سەنمىنجۇيى " كىتابىدىن باشقا ھېچقانداق كىتابى يوق ئىدى . شۇڭا ، زىيالىلار ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىرمۇنچە يېڭى كىتابلارنى كۆرەلىگەنلىكىگە خېلى رازى ئىدى . شۇ سەۋەپتىن بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ئاسانلا بۇ ئۈچ ئەپەندىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندى .

1945 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىمىن ھەزرەت بىلەن ئەيسا بەگ ئىككىسى ئالتاي نەشرىيات ئىدارىسى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ، كۆپلىگەن زىيالىيلار بۇ تەشەببۇسنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى .

1946 ـ يىلىنىڭ 5 ـ ئايلىرىدا ئالتاي نەشرىياتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىندى . ئەيسا بەگ بۇ نەشرىياتنىڭ مۇدىرى بولدى، ئىبراھىم مۇتىئى ، سالىس مۇئاۋىن مۇدىر بولدى . باش مۇھەررىرلىككە ئىمىن ھەزرەت ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىككە پولات قادىر قاتارلىقلار تەيىنلەندى . ھەيئەتلىرى 80 دىن ئارتۇق ئىدى .

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىپ ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلدى . ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىنى جاڭ جىجوڭ ئەپەندى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى ، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئەخمەتجان قاسىمى ۋە بۇرھان ئەپەندىلەر تەيىنلەندى . بۇ چاغدا ئالتاي نەشرىياتى يىتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندى .ئەسلىدە قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ۋە ھىمايە قىلغان نۇرغۇن زىيالىيلار ئالتاي نەشرىياتىدىن چەتنەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يولىنى تاللىۋالدى . ئالتاي نەشرىياتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىدە پەقەتلا ئىبراھىم مۇتىئى ، پولات قادىر ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئابلا نامان ، خېۋىر تۆمۈر قاتارلىق كىشىلەر ۋە بىر قىسىم ياشلار بىلەن سودا ـ سانائەتچىلەرلا قالدى . يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىمىن ھەزرەت ئۆلكىلىك تەمىنات نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا ، ئەيسا بەگ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى . شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ھەر ساھەدىكى زاتلاردىن 30 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ئالتاي نەشرىياتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى . بۇ يىغىندا 20 دىن ئارتۇق ھەيئەت ۋە دائىمىي ھەيئەتلەر سايلاندى . مەسئۇت سەبرى ئالتاي نەشرىياتىنىڭ پەخرى رەئىسلىكىگە ، ئەيسا بەگ ئالتاي نەشرىياتىنىڭ مۇدىرلىقىغا ، مۇتىئى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا ، ئىمىن ھەزرەت باش مۇھەررىرلىككە پولات قادىر بىلەن ئۆتكۈر ئىككىسى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى ھەمدە ئالتاي نەشرىياتىنىڭ نىزامنامىسى تەستىقلاندى ، بۇ بىر ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلىغان ۋە ئېتىراپ قىلغان نەشرىيات ئىدى . ئۇلار ئىشقا كىرىشىپ " ئالتاي" ژۇرنىلىنىڭ بىرىنچى سانىنى 8 ـ ئايدا بېسىپ تارقاتتى . بۇ نەشرىيات يەنە كىچىك دىنىي بىراشۇرالارنىمۇ بېسىپ تارقاتقانىدى .

1946 ـ يىلىنىڭ 8 ـ ئايلىرىدا ئەيسا بەگ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ سەنمنجۇيىچى ياشلارنىڭ لۇشەندە ئېچىلغان مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا كەتتى . ئالتاي نەشرىياتىدىكى مۇتىئى ۋە پولات قادىرلارمۇ شۇ يىغىنغا كەتكەندى .

باش مۇھەررىر ئىمىن ھەزرەت بىلەن ئەخمەتجان قاسىمنىڭ مۇناسىۋىتى بىرقەدەر ياخشى ئىدى . شۇ سەۋەپتىن ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقا رەھبەرلەر ئالتاي نەشرىياتىغا غەمخورلۇق قىلاتتى . شۇنىڭدەك بىزنىڭ نەشرىياتمۇ ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىپ بېرەتتۇق .

1946 ـ يىلى 11ـ ئايلارنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭدىن بارغان ياشلار ئۆمىكىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى . بۇ چاغدا ئەيسا بەگ قورچاق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭدە قالغانىدى .

قورچاق خەلق قۇرۇلتىيى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەيسا بەگ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى . ئالتاي نەشرىياتى خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولۇپ ، نەشرىيات قارىمىقىدا " ئەرك " گېزىتى نەشر قىلىنماقچى بولدى . 1947 ـ يىلى يازدا " ئەرك " گېزىتى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى .

1947 ـ يىلى ئالتاي نەشرىياتىنىڭ خىزمىتى ئەڭ ئالدىراش ، ئادىمى ئەڭ كۆپ بولغان يىللار ئىدى . مىخ مەتبەئە ۋە تاش مەتبەئەگە ئون نەچچە نەپەر ئىشچى ياللاپ ئىشلىتىلدى ، نەشرىيات تەھرىر بۆلۈمىدە ئۆتكۈر ، ساتتار مۇخپۇل ( ھازىر غەربىي گېرمانىيىدە ) ، رەھمىتۇللا جارى ( ھازىر شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ) ، رەۋەيدۇللا ( ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ) قاتارلىقلار بار ئىدى .

مەسئۇت ئۆلكە رەئىسى ، ئەيسا بەگ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باش كاتىپ بولغاندا بۇ ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن ئالتاي نەشرىياتىغا پۇل ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ ياردەم بېرەتتى . ئىمىن ھەزرەت تەمىنات نازارىتى تەرەپتىن ياردەم قىلاتتى . بۇنىڭدىن تاشقىرى ئالتاي نەشرىياتى ئۆز ئالدىغا بىر دۇكان ئېچىپ تىجارەت يۈرگۈزدى . يەنە نەشرىياتنىڭ كىنو قويۇش ئەترىتى بولۇپ ئۈرۈمچىدە كىنو قويۇپ كىرىم قىلاتتى . كىنو قويۇش ئەترىتى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن بىرقانچە فىلىمگە ئىگە بولغاندى . بۇ فىلىمنى قايسى فىلىم شىركىتى بەرگەنلىكى نامەلۇم . ئەمما ، نەشرىيات ھەق تۆلىمەي كىنو قويۇپ كىرىم قىلاتتى . بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە باسما زاۋۇتنىڭ كىرىمى بولاتتى . بۇ تىجارەتلەر ئارقىلىق ئالتاي نەشرىياتى بارغانسېرى بېيىغىلى باشلىدى .

1947 ـ يىلى ئالتاي نەشرىياتى شاڭخەيي " يوڭشياڭ كىتاب نەشرىياتى " غا ھاۋالە قىلىپ مالايسىيادىن بىر يۈرۈش ھەرپ قېلىپى زاكاس قىلىپ ئالدۇرۇپ ، ھەرپ كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى .

ئالتاي نەشرىياتى " ئالتاي " مەجمۇئەسى ، " ئەرك " گېزىتى قاتارلىقلارنى نەشر قىلغاندىن تاشقىرى ، باشقا ئورۇنلارنىڭ ، مەسلەن ، جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ " ئۆرنەك " قاتارلىق ماتېرىياللىرىنى بېسىپ بېرەتتى . " ئالتاي مەجمۇئەسى " بىلەن " ئەرك " گېزىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تارقىتىلغاندىن تاشقىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ، ناھىيىلىرىگە ، نەنجىڭ ، شاڭخەيي ، تيەنجىن ، لەنجۇلاردىكى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرىغا ھەمدە ھىندىستان ، پاكىستان ، تۈركىيىدىكى يۇرتداشلارغا ئەۋەتىلەتتى .

## دەرنەك

1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالتاي نەشرىياتى تارىخ تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىپ ، ئۇنى تارىخ ـ جۇغراپىيە تەتقىقاتى ۋە تىل ئەدەبىيات تەتقىقاتى دەپ ئىككىگە ئايرىدى . بۇ ئىلمىي جەمئىيەتكە مەسئۇت سەبرى ، ئىمىن ھەزرەت ، ئەيسا بەگ قاتارلىقلار باشلىق ، مۇتئى بىلەن چىڭگىزخان داموللالار باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى . ھەر بىر گۇرۇپپا 15 كىشىدىن تەركىپ تاپتى . بۇ ئىلمىي جەمئىيەتكە ئابلىز مەخسۇم ، ئەسئەدۇللا داموللىمۇ قاتناشقاندى .

بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا دەرنەك كونفېرېنسىيىسى بارلىققا كەلدى . دەرنەك سۆزى سۆھبەت ، دوكلات ( كونفېرېنسىيە ) مەنىسىدە بولۇپ ، بۇ ئىسمنى مۇتئى تەقدىم قىلغان .

ئۇنىڭ ئورنى ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇلۇبىدا بولاتتى . بەزىدە قازاق ـ قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇلۇبىدىمۇ ئۆتكۈزۈلەتتى . دەرنەك ئولتۇرۇشى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئاددى سوغاق يىمەكلىكلەر تەييارلىناتتى . ھەر مىللەت زىيالىي ياشلىرى ۋە ئەدەبىي ـ سەنئەتچىلەر تەكلىپ قىلىناتتى . دەرنەككە كۆپىنچە ئۇيغۇر ، ئۆزبېك ، تاتار زىيالىيلىرى قاتنىشاتتى . ھەر قېتىم دوكلات بەرگۈچىگە ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلىناتتى . دوكلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ناخشا ئېيتىلىپ ، ئۇسسۇل ئوينىلاتتى . ئېسىمدە قېلىشىچە مەسئۇت سەبرى بىر قېتىم بەرگەن دوكلاتىدا " ئالتاي " سۆزىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ ، ئالتاي سۆزى " ئالتە ئاي " ئەمەس ،" ئۆزاق " دېگەن سۆز دەپ ئىزاھلىغانىدى . ئىمىن ھەزرەت بىر قېتىم ئاتوم بومبىسى ۋە ئاتوم ئېنېرگىيىسى توغرىسىدا ، ئىبراھىم مۇتىئى ئۇلۇغ شائىر ناۋايى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا ، بۇرھان ئەپەندى سىبىرىيىدىكى تۈرك مىللەتلىرى توغرىسىدا دوكلات بەرگەنلىكى ئېسىمدە . دەرنەكنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا شېئىر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ھەر كىم يازغان شېئىرىنى ئۆزى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بېرەتتى . شۇ مەيداندىلا 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ دەرىجىلىكلەرنى باھالاپ مۇكاپات بېرىلەتتى . شۇ ۋاقىتتا بىرقانچە شائىرلار ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى ئالغانلىقى ئېسىمدە . مۇكاپات ماتېرىياللىرى ئىچىدە شۆتىسارىيە سائىتى ، پاركېر قەلەملىرى ( ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن قەلەم ) بار ئىدى ، بۇ مۇكاپات بۇيۇملىرى ئەسلىدە سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىكىدىن قېلىپ قالغان بولۇپ ، ئەيسا بەگ بۇ نەرسىلەرنى دەرنەك كونفېرېنسىيىسىگە ئىشلەتكەن . دەرنەكنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقتى 1948 ـ يىلى ئىدى . 1949 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن دەرنەك كونفېرېنسىيىسى ئاخىرلىششقا باشلىدى .

## ئالتاي نەشرىياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ( شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش ھارپىسىدا ) ئالتاي نەشرىياتى ئۆز كەسپىنى توختاتتى . ئەيسا بەگ ۋە ئىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم كىشىلەر چەتكە قاچماقچى بولۇپ ئالتاي نەشرىياتىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى ، مەتبەئە ماشىنىسى ، قوغۇشۇن ھەرپ ، ھەرپ قېلىپى ، قەغەز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تەلئەت بايغا ، نەشرىياتنىڭ قورۇسىنى ئىبراھىم مۇتىئىغا سېتىپ بەردى . بىز چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەگەندىن كېيىن 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋە 21 ـ كۈنلىرى ئىككى تۈركۈم بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا قاراپ ماڭدۇق . بىزدە بىر دانە كىچىك جىپ ، بىر دانە بىر يېرىم تونىلىق ماشىنا ، بىر دانە دادوجى ماشىنا ( دادوجى ماشىنىنى ماجېڭشياڭ بەرگەن ھەربىي ماشىنا ئىدى ) دىن ئىبارەت جەمئىي ئۈچ دانە ماشىنا بار ئىدى . بىز قەشقەرگە بارغاندا بۇ ماشىنىلارنى سېتىپ پۇل قىلدۇق .

شۇ نۆۋەتتە ماڭغانلار : مەتىمىن ھەزرەت ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن بەش جان ؛ بۇنىڭدىن باشقا پولات قادىر ، ھاجى ياقۇپ ، ئۆتكۈر ، خېۋىر تۆمۈر ، مۇستاپا ، رازىيە قاتارلىق 20 نەچچە كىشى بار . يەنە

شۇ قاتاردا ماڭغانلاردىن : قۇربان قوداي ( يالقۇن گېزىتىنىڭ مۇدىرى ) ئائىلىسى بىلەن تۆت جان ؛ نىياز تۆت جان ؛ ئابدۇرۇپ دوختۇر توققۇز جان ؛ ئابدۇقادىر سامانى بەش جان ؛ مۇنەۋۋەر خوجا يەتتە جان ؛ توغرۇل تۆت جان ؛ ئوشۇر شەنجاڭ تۆت جان ( ئۇرۇمچى ناھىيىسىنىڭ شەنجاڭى ) ھەم ئۇنىڭ ئىنىسى ھۆسەيىن ئاخۇن ۋە باشقىلار . بۇ كىشىلەر ئالتاي نەشرىياتى تەۋەسىدە ئەمەس ئىدى . بۇلار يول خىراجىتىنى ئۆزلىرى چىقىم قىلاتتى . بىز ھەممىمىز جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىغا بارغاندا بەزەنلىرى چەتئەلگە چىقىپ كەتتى ، بەزەنلىرى قايتىپ كەلدى . بىز بىر تۈركۈم ياشلار ۋەتەندىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيماي ئەيسا ، ئىمىنلاردىن مۇناسىۋەتىمىزنى ئۈزۈپ ، ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدۇق .

## خان تەڭرى ژۇرنىلى

1946 ـ يىلى ياز ئايلىرىدا ئالتاي نەشرىياتى قۇرۇلغان ۋاقىتلاردا بىر تۈركۈم زىيالىي ياشلار خانتەڭرى نەشرىياتىنى قۇرۇپ چىقتى . مۇدىرلىققا ئىبراھىم تۇردى ، مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سالىس تەيىنلەندى . ئورنى نەنلىياڭ جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى . بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە شۇ ۋاقىتتىكى مەشھۇر زىيالىلاردىن ئابلىمىت مەخسۇتوف ، نۇر سادىروف ، ھىمىت سۇلتان قاتارلىقلار قاتناشقانىدى . شۇ يىلى خانتەڭرى ژۇرنىلىنىڭ بىرىنچى سانى نەشىردىن چىقىپ پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە تارقىتىلدى ، تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولدى . كېيىن بۇ ژورنال يەنە قانچە سان چىقتى ، بۇ مېنىڭ خاترەمدە قالماپتۇ . 1947 ـ يىلى 6 ـ ، 7 ـ ئايلاردا 11 ماددىلىق بىتىم بۇزۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن كەلگەن خادىملار بىلەن ياش زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى ئىلىغا قايتىپ كەتتى . شۇ قاتاردا خان تەڭرى نەشرىياتىدىمۇ ئىلىغا كەتكەنىدى .

## " يالقۇن " گېزىتى

1948 ـ يىلى قۇربان قوداي " يالقۇن " گېزىتىنى نەشر قىلدى . ئۆزى مۇھەررىر ئىدى . قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر دانە باسما ماشىنىسى سېتىۋېلىپ ، بىرقانچە ئىشچى ياللاپ ھەپتىدە ئىككى سان گېزىت چىقاردى . ئۇنىڭ ئاساسىي ماقالىلىرى سوۋېتكە ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قارشى تۇراتتى مىللەتچىلىكنى تەشۋىق قىلاتتى ، سۆز جۈملىلىرى ئىنتايىن قوپال ئىدى .

قۇربان قوداي خوتەن كېرىيىلىك بولۇپ ، كىچىك ۋاقتىدىلا چەتئەلگە چىقىپ ھىندىستان ۋە ئەرەب ئەللىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ئاخىرى تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇيدۇ . تۈركىيىدە مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنى تۈگىتىپ 1946 ـ يىلى قايتىپ كېلىدۇ . ئۇ ، ئوردا ، ئەرەب تىللىرىغا پىششىق ئىدى . شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئادەتتىكى ئىشلارنى ئىشلەيدۇ . كېيىن ئالتاي نەشرىياتىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە كىلىپلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا زەربە بېرىشنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى . بىز ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن بىزدىن ئايرىلىپ چىقىپ ، ئۆز ئالدىغا " يالقۇن " گېزىتىنى چىقاردى .

1949 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن " يالقۇن " گېزىتى نۆۋەتتىكى سىياسەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن " يالقۇن " گېزىتىنى ياپتۇرىۋەتتى . ئەمما قۇربان قوداي بۇنىڭلىق بىلەن بوشاپ قالماستىن بىر ئاز ۋاقتنى ئۆتكۈزۈپ " ئۇچقۇن " ناملىق گېزىت چىقاردى . شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا قۇربان قوداي ئائىلىسىدىكى تۆت جاننى ئېلىپ ئەيسا ، ئىمىنلارغا ئەگىشىپ قېچىپ ، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىغا بارغاندا ، ئۇ تەرەپكە ماڭماستىن قايتىپ كەلدى . 1951 ـ يىلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش ھەرىكىتىدە قولغا ئېلىنىپ ، تۈرمىگە قامالدى ، كېيىن باستۇرۇلدى .

مەنبە : " تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا " ناملىق كىتاپ ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 8 ـ ئاي ، 1 ـ نەشرى

تۈگىدى

باياناتات : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ھەرقانداق ئېلكتابنىڭ ئەسلى ماتىرىيالنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى شۇ ماتېرىيال يوللانغان توربەت ھەم شۇ توربەتكە يوللىغۇچى ئاپتۇرغا مەنسۇپ !!!
<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ئېلكتابلار پەقەت ئۆگىنىش ۋە بىرقىسىم پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى ، ئۇنىڭدىن باشقا سودا ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ . ئەگەر قانۇنسىز باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىپ بىرەر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ . <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!!
يۇقىرىقىلاردىن باشقا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكتابقا نىسبەتەن پىكىر-تەلەپلىرىڭىز بولسا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .
<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> نىڭ QQ توپى : 55451683
2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

شەندۇڭ---جىنەن